شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

2020 - يىل 10 - ئاي
9
جۈمە
维吾尔文 10 月9日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25209 - سان بۈگۈن 2 بەت

قەشقەردە:

يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش تەڭ جانلىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا كۈچ قوشۇلدى

هاللىق تۇرمۇشىمىزغا ئاتلىنايلى
نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تېلېگراممىسى ئاساسلانغان(مۇخبىر گاۋ خەن) شىنمىي پىشىپ ئۈزۈش پەسلى ئەمدىلا ئۆتتى، ھازىر قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پەيزاۋات ناھىيەسىدىكى شىنمىيلىقلاردا، باغۋەنلەرنىڭ شىنمىي دەرىخىنىڭ شاخلىرىنى شالاڭلىتۇۋاتقانلىقنى، چاتاۋاتقانلىقنى ھەرقاچان كۆرگىلى بولىدۇ.

مۇخبىر باغۋەن ئابدۇرېھىم مىمانىي كۆرگەندە، ئۇ تېخنىكلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دەرەخ شاخلىرىنى ئەستايىدىل چاتاۋاتاتتى. ئۇ تەجرىبىسى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى ئىلمىي چاتاشنى بىلمىگەچكە كۆچەتلەر چوڭىيالماي، شىنمىينىڭ سۈپىتى ۋە ھوسۇلىغا تەسىر يەتكەنىدى».

ئۇنىڭ كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن، ئائىلىسى 17.8 مو يەرگە ئۆستۈرگەن شىنمىيدىن بۇ يىل مول ھوسۇل ئالدى، مېۋە سېتىشتىن قىلغان 70 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم ئۇنى شۇ جايدىكى «شىنمىي شاھى»غا ئايلاندۇردى.

(ئاخىرى 2ـ بەتتە)

3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ كۆزىتىش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 6 - نۆۋەتلىك كۆزىتىش خىزمىتى بويىچە سەپەرۋەر قىلىش، ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنىنىڭ روھى قاتارلىقلار مەخسۇس تېمىدا ئۆگىنىلدى

«قاتتىق» بولۇش ئاساسىي رىتىمدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك

چېن چۇەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ كۆزىتىش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى، پارتىيە نىزامنامىسى ۋە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پاك - تەلەپچان بولۇش مىزانى»، «يېڭى ۋەزىيەتتىكى پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشقا دائىر بىرقانچە مىزان»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۆزىتىش خىزمىتى نىزامى» قاتارلىق پارتىيە ئىچىدىكى نىزاملار ھەمدە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 6 - نۆۋەتلىك كۆزىتىش خىزمىتى بويىچە سەپەرۋەر قىلىش، ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنىنىڭ روھىنى مەخسۇس تېمىدا ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: كۆزىتىش پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى مۇھىم، زور تەدبىر، پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىكنىڭ ئىستراتېگىيەلىك تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى كۆزىتىش خىزمىتىگە يۇكسەك ئەھمىيەت بەردى، باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپ قېتىم مۇھىم سۆز قىلىپ، مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، يېڭى دەۋردىكى كۆزىتىش - تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەققىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ كۆزىتىش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۆزىتىش خىزمىتى فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، «قاتتىق» بولۇش ئاساسىي رىتىمدا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش يېڭى ۋەزىيىتىنى ئۈزلۈكسىز يارىتىپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. سىياسىي يۇكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، ئاڭلىق ھالدا ئىدىيەدە، سىياسىيدا،

(ئاخىرى 2ـ بەتتە)

كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى ساندا ئۇدا رېكورت يارىتىلدى

رەقەم ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ «13 - بەش يىل»نى سۆزلەش

پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرىمىز **رىن جياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: پۈتۈن يىلدا كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى سانى 81 مىليون 20 مىڭ ئادەم قېتىمدىن 213 مىليون ئادەم قېتىمغا ھالقىپ، ساياھەت كىرىمى 140 مىليارد 100 مىليون يۈەندىن تېزلىكتە 363 مىليارد 262 مىليون يۈەنگە كۆپەيدى. «13 - بەش يىل»دىن بۇيان، شىنجاڭ ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، پۈتۈن رايون ساياھىتى تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، مەدەنىيەت بىلەن ساياھەتنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىغا پائال تۈرتكە بولدى، ساياھەتچىلىك تەرەققىياتى ئۇچقاندەك تېز بولدى. 2016 - يىلدىن 2019 - يىلغىچە، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكى يىلمۇيىل يېڭى پەللىگە ئۆرلىدى، كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى ساندا ئۇدا رېكورت يارىتىلدى.

2016 - يىلى، شىنجاڭدا كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 81 مىليون 20 مىڭ ئادەم قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 24.3% ئاشتى؛ 2017 - يىلى كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 107 مىليون 255 مىڭ 100 ئادەم قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 32.38% ئاشتى؛ 2018 - يىلى كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 150 مىليون 248 مىڭ 900 ئادەم قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 40.09% ئاشتى؛ 2019 - يىلى كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى سانى تۇنجى قېتىم 200 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئېشىپ، 213 مىليون ئادەم قېتىمغا يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 41.96% ئاشتى. «13 - بەش يىل» مەزگىلدە، ساياھەتچىلىك تېز سۈرئەتتە ئېشىشتەك يۇقىرى ئۆرلەش يولىغا كىردى.

(ئاخىرى 2ـ بەتتە)



□制图/新疆日报视觉中心 陈 潇

ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش بويىچە «100 شەھەر، 1000 ناھىيە، 10 مىڭ كەنتتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى»

چاغچېك مەھەللىسىنىڭ «ياخشى ئىدارە قىلىش» تەدبىرى

□ پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرىمىز گې يۈجۈن
قاراماي مۇخبىرلار پونكىتىدىن
تيەن خۇايىڭ

9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، تاڭ سەھەردىكى تۇنجى قۇياش نۇرى دەرەخ ئۇچلىرىغا چۈشكەندە، قاراماي شەھىرىنىڭ قاراماي رايونى غالىبىيەت يولى كوچىسى چاغچېك مەھەللىسىدىكى گۈەن يۈلەن موماي ئولتۇراق رايوندىكى كىچىك مەيداندا ئەتىگەنلىك چېنىقىشنى باشلىۋەتكەنىدى. گۈللۈككە ئوخشايدىغان كىچىك مەيدانغا ھەرخىل چېنىقىش ئۈسكۈنىلىرى ئورنىتىلغان؛ تۆت ئەتراپتىكى كۆكەرتىش ئورمىنى ئىچىدىكى ئالما دەرەخلىرىنىڭ شاخلىرى مېۋە بىلەن پۈركەنگەن بولۇپ، دەرەخ شاخلىرى ئالمىغا تولغانىدى. «بۇنداق كۈنلەردىن ئازادىلىك ھېس قىلىمەن، مەمنۇنلۇققا تولىمەن» دېدى گۈەن يۈلەن.

قاراماي شەھەرلىك سۇچلىق شىركىتىدىن چاغچېك مەھەللىسىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى ۋېي جىڭ مۇنداق دېدى: مەھەللە ئاھالىلىرىنىڭ كۆڭۈللۈك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقى مەھەللىنىڭ يېقىنقى بىرقانچە يىلدا رايونلاشقان پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە ئىزدەنگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. مەھەللە جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش ئارقىلىق ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۈيغۇسى، بەخت تۈيغۇسىنى ئاشۇردى.

بايلىقنى بىرىكتۈرۈش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىش

ھەر كۈنى 1 - قەۋەتكە يېڭىدىن ئورنىتىلغان خەلققە قولايلىق تۇتقۇچقا تايىنىپ ئۆيىگە كىرىپ چىققاندا، گۈەن يۈلەن موماينىڭ قەلبى ھەمىشە ئىللىقلىققا تولاتتى.

بۇلتۇر 12 - ئاينىڭ باشلىرىدىكى بىر كۈنى گۈەن يۈلەن بىنادىن چىققاندا ئېھتىياتسىزلىقتىن يىقىلىپ چۈشۈپ پۇت سۆڭىكى يارىلاندى. مەھەللە ئالاقىلەشكۈچىسى ۋە مەھەللە رەھبەرلىرى خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ يوقلىدى. پىكىر ئالماشتۇرۇش جەريانىدا، 1 - قەۋەتتىكى پەلەمپەي ئېگىز ھەم تىك بولغاچقا، ياشانغانلارنىڭ كىرىپ چىقىشىغا قولايسىزلىق ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئىگىلىدى. «ئەگەر تۇتقۇچ ئورنىتىلغان بولسا ياخشى بولاتتى!» دېگەنىدى گۈەن يۈلەن شۇ چاغدا.

ناھايىتى تېزلا، مەھەللە پارتىيە باش ياچېيكىسى تەۋەلىكتىكى ئورۇنلارغا مەھەللىدىكى 1 - قەۋەتلەرگە خەلققە قولايلىق تۇتقۇچ ئورنىتىش توغرىسىدا «ئىش ئورۇنلاشتۇرۇش تىزىملىكى» تارقاتتى. شەھەرلىك سۇچلىق شىركىتى بۇ تۈرنى تاپشۇرۇۋېلىپ، يېرىم ئايدىلا 49 بىنادىكى 159 دەنيۈەنگە خەلققە قولايلىق تۇتقۇچ ئورنىتىشنى تاماملىدى.

(ئاخىرى 2ـ بەتتە)

ئىستېمال بازىرىدا سېتىۋېلىش - سېتىش جانلاندى

پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرىمىز **خېي خۇڭۋېي**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق سودا ئىشلىرى نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، قوش بايرام مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز بازارلىرىدا مال مەنبەسى بىلەن تەمىنلەش تولۇق بولۇپ، ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولغان. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق كۆزىتىپ ئۆلچەنگەن 152 چوڭ تىپتىكى سودا سارىيى، تاللا بازىرىنىڭ تاۋار سېتىش سوممىسى 630 مىليون يۈەنگە يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 12.5% ئاشقان.

سانلىق مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، ئاشلىق، ياغ، چوشقا گۆشى، كالا گۆشى، قوي گۆشى، توخۇ گۆشى، تۇخۇمنىڭ باھاسى بىرقەدەر تەكشى، مۇقىم بولغان؛ بەسەي، سەۋزە قاتارلىق ئادەتتىكى كۆكتاتلارنىڭ باھاسى سەل تۆۋەنلىگەن، چىگسەي، شوخلا، دوۋجاۋ قاتارلىق پەسىلسىز كۆكتاتلارنىڭ باھاسى سەل ئۆسكەن. قوش بايرامدا زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ باھاسىنى ئۈنۈملۈك مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق سودا ئىشلىرى نازارىتى 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە 205 توننا مەركەز زاپاس گۆشنى بازارغا سېلىشقا تەشكىللىدى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا ئىشلىرى ئىدارىسى 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە 500 توننا شەھەر دەرىجىلىك زاپاس گۆشنى بازارغا سالدى،

(ئاخىرى 2ـ بەتتە)

قوش بايرامدا شىنجاڭ ساياھىتى قىزىپ كەتتى

پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ گاڭ، رىن جياڭ:** ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، ئۈچىنچى تەرەپ شىركەتنىڭ تەكشۈرۈپ ئىستاتىستىكا قىلىشىچە، دۆلەت بايرىملىق، جۇڭچيۇلۇق دەم ئېلىش مەزگىلىدە شىنجاڭنىڭ ساياھەت بازىرى ئىنتايىن قىزىپ، دۆلەت ئىچىدىن جەمئىي 15 مىليون 354 مىڭ 300 ئادەم قېتىم ساياھەتچى كۈتۈۋېلىنغان بولۇپ، سېلىشتۇرما ئۆلچەم بويىچە بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 10.78% ئېشىپ، ساياھەت كىرىمى 8 مىليارد 413 مىليون يۈەنگە يەتكەن.

ھەرقايسى جايلار دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىل ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەدەنىيەت ساياھىتى، تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، مېۋە - كۆكتات ئۈزۈش قاتارلىق مول مەزمۇنلۇق، رەڭدار پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، «ساياھەت +» شەكلى ئارقىلىق، نۇرغۇن ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى.

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، كۆكتوقاي خەلقئارا قار تېيىلىش مەيدانىدا تۇنجى قېتىملىق قار تېيىلىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. لوپنۇر ناھىيەسىدىكى لوپنۇرلۇقلار كەنتى مەنزىرە رايونى «بىرلىكتە سۈرەتكە چۈشۈپ ناخشا ئېيتىپ دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش»، «خەنفۇ كىيىپ ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبتا جۇڭچيۇنى تەبرىكلەش»، «ئۆزى قول سېلىپ يۇبىڭ نان ياساش» قاتارلىق يۈرۈشلۈك مەدەنىيەت - ساياھەت پائالىيەتلىرىنى يولغا قويدى.

(ئاخىرى 2ـ بەتتە)

10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، قەشقەر قەدىمىي شەھەر مەنزىرە رايونىدىكى ھەققىي مەنزىرىلىك ئويۇن نۇرغۇن ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى. □ ئادىلجان ئابدۇقادىر فوتوسى

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

ئالاتاۋ:

ئىلگىرىكى بوران ئېغىزى ئېچىۋېتىلگەن يېڭى ئېگىزلىك

«ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىرىنچى سېپىدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمىز ㉑

□ پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرىمىز چېن جياۋېي

«ئىلگىرى يىلدا بىر بوران چىقسا، ئەتىيازدىن قىشقىچە داۋاملىشىدۇ» دېگەن نامى بار ئالاتاۋ بۈگۈنكى كۈندە «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشقا چوڭقۇر يۇغۇرۇلغان شەھەر سۈپىتىدە داڭ چىقارماقتا.

9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئالاتاۋ تۆمۈريول خەلقئارا بىرلەشمە توشۇش زالىدا، تاموژنىغا مەلۇم قىلىش خادىمى ليۇ دۇڭيى ئۈزۈم ئېكسپورت زاكاز تالونىنى مەلۇم قىلىۋاتاتتى. قىسقىغىنا بىر نەچچە مىنۇتتىلا، ئۇ مۇناسىۋەتلىك گۇۋاھنامىلەرنى تەكشۈرۈشنى تاماملاپ، يۈكنى تېز سۈرئەتتە ماڭدۇردى.

ئالدىنقى سەككىز ئايدا، ئالاتاۋ پورتىنىڭ ئىمپورتتا ئومۇمىي تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش ۋاقتى 13.41 سائەت بولۇپ، 2019 - يىلى پۈتۈن يىلدىكىدىن 29.5% قىسقاردى؛ ئېكسپورتتا تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش ۋاقتى 0.66 سائەت بولۇپ، 2019 - يىلى پۈتۈن يىلدىكىدىن 29.79% قىسقاردى، بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈريول ئىمپورتىدا تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش ئۈنۈمى پۈتۈن مەملىكەت تۆمۈريول پورتلىرى بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇردى.

ئالاتاۋ ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايوندا، بىرنەچچە قۇرۇلۇش ماشىنىسى گۈرۈلدەپ جىددىي مەشغۇلات قىلىۋاتاتتى. ئالاتاۋ شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى،

(ئاخىرى 2ـ بەتتە)

新疆日报 | 石榴云 | 天山网 www.ts.cn
新 疆 报 业 传 媒 集 团